
دوكتۇر ئانا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەر
ۋاكاكا بىلەن ئېششنىڭ
ئۇچار بېلىققا ئۆزگىرىشى
ساردىنا بېلىقى
بىلەن
كىتنىڭ جىگى
شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

沙丁鱼智斗大鲸鱼:维吾尔文 / 黎程程编; 玛尔江·吾买尔译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社, 2011.5
（博士妈妈讲故事）
ISBN 978-7-5469-1357-5

Ⅰ. ①沙… Ⅱ. ①黎… ②玛… Ⅲ. ①连环画－作品－中国－现代 Ⅳ. ①J228.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第 088968 号

丛 书 名　博士妈妈讲故事
书　　名　沙丁鱼智斗大鲸鱼
主　　编　黎程程
译　　者　玛尔江·吾买尔
责任编辑　迪丽努尔·阿布都热合曼
责任校对　古丽巴哈尔·托合塔木
制　　版　乌鲁木齐标杆集书刊设计有限公司
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　880 mm × 1230 mm　1/24
印　　张　2
版　　次　2011 年 5 月 第 1 版
印　　次　2011 年 6 月 第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-1357-5
总 定 价　58.00 元（全十册）



ۋاكاكا بىلەن ئەيشىشى ناھايىتى تېز ئۈزۈپتۇ، بېلىق، راكلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ، ئۇلار بىر تەرەپتىن قوغلاپ، بىر تەرەپتىن:

— ئۇچار بېلىق ئاكا، ئۇچار بېلىق ھەدە، ئاستىراق ئۈزۈڭلار، بىزنى ساقلاپ تۇرۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ.




بېلىق، راكلار ۋاكاكا بىلەن ئەيشىشقا يېتى-
شىۋېلىپ:
— بىزنى ئەجەبمۇ چارچاتتىڭلار، سىلەر نې-
مىشقا بۇنداق تېز ئۈزىسىلەر؟ — دەپ قاخشاپتۇ.



ۋاكاكا قوۋۇزىقىنى كۆپتۈرۈپ، ئاغزىنى قىيسايتىپ:

— مەن چوڭ گەپ قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان «يەل قورساق»نى ياخشى كۆرمەيمەن! — دەپتۇ. بېلىق، راكلار ئۇنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي:

— نېمىشقا؟ ئۇ بەك قالتىسقۇ، — دېيىشىپتۇ. ئەيشىشى بولسا ۋاكاكانىڭ ئۆزىنى قالتىس كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

— ئاكا، ئەمدى بۇنداق قىلمىغىن، بولامدۇ؟ — دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com

ۋاكاكانىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپتۇ. ئەيشىشى ۋاكاكانىڭ ئاچ-چىقلانغان قىياپىتىنىڭ قىزىقارلىق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— سېنىڭ هازىرقى هالىتىڭنىڭ ئۆزى «يەل قورساق»قا ئوخشاپ قالدى، — دەپتۇ.



ۋاكاكا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، ئۇلارغا ئاچچىقلىنىپتۇ:

— ھىم، سىلەر نېمىنى بىلەتتىڭلار؟!

بېلىق، راكلارمۇ ۋاكاكاغا قاراپ شەيتانلىق قىلىپ:

— ۋاھ، ئۇ بۇ قېتىم راستىنلا «يەل قورساق»قا ئوخشىدى، — دەپتۇ.

— «يەل قورساق» پەقەتلا چوڭ گەپ قىلىشنى بىلىدۇ، تېخى ئاسانلا ئاچچىقلىنىدۇ، مەن ئۇنىڭغا ئوخشىمايمەن، — دەپتۇ ئاكا مۇتىھەملىك قىلىپ. ئەيشىشى كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا:

— ئۇنداقتا، سەنمۇ قورسىقىڭنى يوغان كۆپتۈرۈپ بىزگە كۆرسە-تىپ باقە، هى، هى، هى،... — دەپ چاقچاق قىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ بېلىق-راكلارمۇ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

ۋاكاكا بىلىق، راكلارغا غەزەپلىنىپ:

— ھىم، ھەممىڭلار قاراپ تۇرۇڭلار! — دەپتۇ. ئەيشىشى مەسخىرە قىلىپ:

— ئاكا، قورسىقىڭنى بىر كۆپتۈرۈپ ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويمامسەن، سەن شۇنداق قالتىس تۇرساڭ، چوقۇم قىلالايسەن، — دەپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ۋاكاكا سۇ يۈزىگە چىقىپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ كۆچەپ نەپەس ئاپتۇ. بېلىق، راكلار ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي بىر ـ بىرىدىن:

ــ ئۇچار بېلىق ئاكا نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ ــ دەپ سورىشىپتۇ.

ۋاكاكا ھاۋانى سۈمۈرۈۋېرىپ يۇزلىرىمۇ قىزىرىپ كېتىپتۇ، ئۇ قوۋۇزىقىنى كۆپتۈرۈپ، قورسىقىنى كۈچەپ ئېسىلدۇرۇپتۇ. بېلىق، راكلار ئۇنىڭدىن:

— ئۇچار بېلىق ئاكا، نېمە بولدى، بىئارام بولۇۋاتامسىز، نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋاكاكانىڭ بۇ خىل غەلىتە قىياپىتىنى كۆرگەن ئەيشىشى بەللىرىنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ:

— ئۇنىڭ ئاغزىدا لىق ھاۋا تۇرسا، ئەلۋەتتە گەپ قىلالمايدۇ — دە، ھا، ھا، ھا...



ۋاكاكا ئېغىزىدىكى ھاۋانى ئاخىرى سىرتقا چىقىرىۋېتىپتۇ، ئاشۇ ھاۋالار سۇدا كىچىك كۆپۈكچىلەرنى ھاسىل قىلىپ، ئاستا - ئاستا يۇقىرىغا ئۆرلەپتۇ. ۋاكاكا كۆزىنى سەل ئوڭشىۋېلىپلا كۆپچىلىكتىن:

— سىلەر كۆرگەنسىلەر، باياتىن قورسىقىم تازا يوغانغاندۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بېلىق، راكلار باشلىرىنى چايقاپ ئۇنىڭ دېگىنى ئىنكار قىپتۇ:

— قاچان، بىز كۆرمىدۇققۇ؟

ھەر چەتتە تۇرغان ئەيشىشى قورسىقىنى تۇتقىنىچە توختىماي كۈلۈپتۇ.



www.uyghurkitap.com



ۋاكاكا ئىنتايىن خىجىل بولۇپ:

ــ توختاپ تۇرۇڭلار، مەن تېخىمۇ كۆپ دېڭىز سۈيى ئىچىپ كېلەي، ــ دەپتۇ. ئەيشىشى ئۇنى توسۇپ:

ــ ئاكا، پوچىلىق قىلىۋەرمە، بىز ئۇچار بېلىقلارنىڭ توقماق بېلىققا ئوخشاش قابىلىيىتىمىز يوق، ــ دەپتۇ. بېلىق ۋە راكلار غۇدۇرۇشۇپتۇ:

ــ ھە، ئۇ ئەسلىدە پوچىلىق قىلىۋاتقان ئىكەن ـ دە، ئۇنىڭ توقماق بېلىققا ھەسەتخورلۇق قىلىشى بىكار ئەمەسكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ۋاكاكا كۆپچىلىكنىڭ سۆز - چۆچىكىنى ئاڭلاپ مۇشتۇمىنى تۈگۈپ تەھدىت سېلىپ:

— خەپ، يەنە قالايمىقان گەپ قىلىشقا پېتىنساڭلار، سىلەرنى بوش قويۇۋەتمەيمەن! — دەپتۇ.

بېلىق، راكلار ئۇنىڭ پوپۇزىسىغا پىسەنتمۇ قىلماي چۇقان سېلىپ:

— ھىم، سەن ئۆزۈڭ دەل شۇ چوڭ گەپ قىلىدىغان ھەم ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان «يەل قورساق» بېلىق! — دەپتۇ.



— ئاكا، سېنىڭ قورسىقىڭ قاسراقلىق تۇرسا، قانداقمۇ قورسىقىڭنى يوغىنىتالايسەن؟ — دەپتۇ ئەيشىشى. بېلىق، راكلارمۇ كەينى - كەينىدىن:

— توغرا، ئەگەر ئۇ قورسىقىنى راستىنلا يوغىنىتالىسا، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى قاسراقلار چوقۇم چۇشۇپ كېتىدۇ، بۇ چاغدا ئۇچار بېلىق ئاكا قاسراقسىز بېلىققا ئايلىنىپ قالامدۇ؟ — دېيىشىپتۇ.



ۋاكاكا گەپ قىلماي، كۆپچىلىككە كەينىنى قىلىپ تۇرۇپتۇ، كۆڭلىدە بولسا: قاراپ تۇرۇڭلار، مەن سىلەرنى قانداق بابلايمەنكىن، دەپ ئويلاپتۇ. ئەيشىشى ۋاكاكانىڭ جىم بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— كۆپچىلىك، ھېكايە ئېيتىشىپ ئوينىساق قانداق؟ — دەپتۇ. بېلىق، راكلار خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىشىپ كېتىپتۇ ۋە:

— ياخشى بولدى، بەك ياخشى بولدى، — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ دېڭىزنىڭ ئاۋازى نېمىدېگەن يېقىملىق‐ ھە، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تۆۋەن ئاۋاز رېتىملىق ھالدا گىرەلىشىپ كەتكەن، ئەمما سىلەر بۇنداق يېقىملىق مۇزىكىنى كىمنىڭ چېلى‐ ۋاتقانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ — دەپتۇ ئەيشىشى.

بېلىق، راكلارنى دېڭىزنىڭ دولقۇن ئاۋازى جەلپ قىپتۇ. ۋاكاكا ئەيشىشىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاشقا تەييارلىنىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

— دېڭىز دولقۇنى ئالدىغا ئۆرۈلگەن چاغدا، دولقۇن بېشى بىر قىسىم ھاۋانى ئوراپ تۆۋەنگە
چۈشىدۇ. بۇ ئورالغان ھاۋا دەرھال دېڭىز سۈيىدە چوڭ - كىچىك كۆپۈكچە ھاسىل قىلىدۇ، بۇ
كۆپۈكچىلەر يېرىلغان چاغدا ئاۋاز چىقىرىدۇ. كىچىك كۆپۈكچىدىن چىققان ئاۋاز چوڭ كۆپۈك-
چىدىن چىققان ئاۋازغا قارىغاندا كۈچلۈك بولىدۇ، شۇڭلاشقا دولقۇننىڭ ئاۋاز سۈپىتى كۆپۈك-
چىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە ئاز - كۆپلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، دېمەك دولقۇندى-
كى كۆپۈكچىلەر چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان «چالغۇچىلار»دۇر، — دەپتۇ ئەيشىشى.
— دېڭىزدا كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان يېقىملىق ئاۋازنىڭ ئاڭلىنىشى ئەجەبلىنەرلىك ئە-
مەسكەندە، — دەپتۇ بېلىق، راكلار.





باشقىلارنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ ۋاكاكا ئۆزىنى تۇتالماي گەپ قوشۇپتۇ:

— بۇنداق بولغاندا، مەن بايا پۈركۈپ چىقارغان كۆپۈكچىلەرمۇ «ناخشا» ئېيتىپتۇ - دە.


— ۋاھ، ياخشى بولدى، بىز ناخشا ئېيتىشتا مۇسابىقىلىشايلى، — دېيىشىپتۇ بېلىق، راكلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋاكاكا ئاكا ـ سىڭىل ۋە ئۇلارنىڭ دوستى-
لىرى چىقارغان كۆپۈكچىلەردىن پەيدا بولغان
يېقىملىق «مۇزىكا» سادالىرى ۋە كۈلكە ئاۋاز-
لىرى ئاستا ـ ئاستا يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈشكە
باشلاپتۇ. بۇ چاغدا، ياندىكى بىر قىسقۇچپاقا نا-
رازى بولۇپ:

— ئارامىمدا قويماي، ئەجەبمۇ بىزار قىلى-
دىغۇ! — دەپتۇ.





ۋاكاكا خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كېتىپتۇ ۋە:


— ئوھۇي، بەك ياخشى ئويۇن ئىكەن، مەن ئۆزۈمنىڭ ناخشا ئاۋازىمنى ئاڭلىيالىدىم، دېڭىز ھەقىقەتەن سېھىرلىك ئىكەن، — دەپتۇ.

ئىككى كىچىك بېلىق شاپىلاقلاش ئويۇنىنى ئويناپتۇ:

— مەن بىر شاپىلاق، سەن بىر شاپىلاق، ئىككىمىزنىڭ ناخشىسى بىر ئىنچى.

كىچىك راك ئوينايدىغان ھەمراھ تاپالماي ئىككى قىسقۇچىنى ئىشلىتىپ «قايچا، مۇش، شاپىلاق» ئويۇنى ئويناپتۇ، لېكىن ئۇ پەقەتلا قايچا چىقىرالايدىغان بولغاچقا، خېلى ئوينىغان بولسىمۇ غەلىبە قىلالماپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ۋاكاكا ھەممەيلەننىڭ ھېكايە ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— مەنمۇ سىلەرگە خەتەرلىك ھېكايىدىن بىرنى ئېيتىپ بېرەي، — دەپتۇ. ئاكىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئەيشىشى چاۋاك چېلىپ كېتىپتۇ:

— بەك ياخشى بولدى، بەك ياخشى بولدى.

بىراق، بېلىق، راكلار ۋاكاكانىڭ ھېكايە ئېيتالىشىغا ئېشەنمىگەندەك قىلىپ:

— ئۇ ھېكايە ئېيتالامدىكەن، يەنە پوچىلىق قىلىۋاتمىغاندۇ، — دېيىشىپتۇ.



دوستلىرىنىڭ ئۆزىنى كۆزگە ئىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋاكاكانىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بوپتۇ. ئۇ باشقىلارغا ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇپتۇ:

— هەي، سىلەر يەنە قالايمىقان قىلىدىغان بولساڭلار، مەن هېكايەمنى سۆزلىمەيمەن!

لېكىن، بېلىق، راكلارنىڭ هەقىقەتەن ۋاكاكانىڭ هېكايىسىنى ئاڭلاپ باققۇسى بار ئىكەن.

www.uyghurkitap.com



— سىلەر دەپ بېقىڭلار، ساردىنا بېلىقى ئەقىللىقمۇ، كىت ئەقىللىقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋاكاكا كۆپچىلىكتىن.

— ئۇنى دېيىش كېتەمدۇ، ئەلۋەتتە كىت ئەقىللىقتە، — دەپتۇ ئەيشىشى ئېغىزىنى پۇرۇشتۇرۇپ.


— بىز كىچىك بېلىقلارنىڭ بېشىمىز كىچىك بولسىمۇ، بىز كىتتىن ئەقىللىق، — دەپتۇ كىچىك قىزىل بېلىق ھاكاۋۇرلۇق بىلەن.



بۇ چاغدا ۋاكاكا:


— بۇرۇنقى زاماندا، دېڭىزدا ناھايىتى چوڭ بىر كىت بار ئىكەن. ئۇنىڭ چوڭلۇقى پاراخوتتەك كېلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ بىر توپ ساردىنا بېلىقىغا يولۇقۇپ قاپتۇ، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ.

www.uyghurkitap.com



ۋاكاكانىڭ ھېكايىسى باشلىنىشىغىلا، كۆپچىلىكنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاپتۇ.

— كىت: «مەن بۇنداق يوغان تۇرسام، كىم يەنە مەن بىلەن قار-شىلىشالايدۇ؟ مەن ھەممىسىنى يەۋېتىمەن» دەپ ئويلاپتۇ، — دەپ ھې-كايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ ۋاكاكا.



ساردىنا بېلىقلىرى بۇ دېڭىز زومىگە-
رنى كۆرۈپ، دەرھاللا رەتلىك سەپ تۈزۈپ،
بارلىق كۈچى بىلەن سۇيى تېيىز جايغا
قاراپ ئۈزۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ۋاكاكا كۆپچىلىكنىڭ ھېكايىسىنى قىزىقىپ ئاڭلا-
ۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سوراپتۇ:
— سىلەر تېپىپ بېقىڭلار، ساردىنا بېلىقلىرى نې-
مىشقا مۇشۇنداق قىلىدۇ؟
بېلىق، راكلار باشلىرىنى چايقىشىپتۇ، شۇنداقلا سار-
دىنا بېلىقلىرى ئۈچۈن ئەندىشە قىلىشىپتۇ.

ۋاكاكا باشقىلارنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، كېرىلىپ تۇرۇپ، ئالدىرىماي جاۋابىنى دەپ بېرىپتۇ:

— بىرىنچىدىن، ساردىنا بېلىقلىرى كىتنىڭ بەدىنى بەك چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن تېيىز يەردە ئۈزەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئەيشىشى دەرھال چۈشىنىپتۇ، لېكىن بېلىق، راكلار يەنىلا چۈشىنەلمەي:

— ئۇنداق بولسا نېمە بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ئىككىنچىدىن، كىتىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن، ساردىنا بېلىقلىرى رەتلىك تىزىلىپ، سەپ ھاسىل قىلىپ ئۈزۈپ، ئۇنى سۇيى تېيىز بولغان رايونغا باشلاپ بارىدۇ، — دەپتۇ ۋاكاكا. ئەيشىشى چاۋاك چېلىپ:

— ھە، كىچىك ساردىنا بېلىقلىرى ھەقىقەتەن بەك ئەقىللىق ئىكەن، — دەپتۇ. بېلىق، راكلار بولسا، تېخىمۇ گاڭگىراپ قاپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇھىم يېرىگە كەلگەندە، ۋاكاكا ئاۋازىنى پەسلىتىپ، قەستەن سىرلىق قىلىپ:

— بۇ چاغدا، ئۇ كىت ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، ساردىنا بېلىقىنىڭ كەينىدىن تازا قوغلاپتۇ ھەمدە توختىماي: «ساردىنا بېلىقى، ھەي ساردىنا بېلىقى مېنىڭ قورسىقىم بەك ئىللىق، تېز كەلگىنە، تېز» دەپتۇ، — دەپتۇ. بېلىق، راكىلار قورقىنىدىن جېنى چىقىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ. ئەيشىشى مۇشتۇمىنى تۈگۈپ پۈتۈن كۈچى بىلەن تۈۋلاپتۇ:

— تېز قوغلىغىن، تېز قوغلىغىن!



— چوڭ كىت ساردىنا بېلىق توپىنىڭ كەينىدىن پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغلاپتۇ. قوغلا، قوغلا، نەتىجىدە تېيىز سۇ ساھىلىغا كېلىپ بېشى چىقىپ قاپتۇ، — دەپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ ۋاكاكا.

— كەينىدىن قانداق بولدى؟ ساردىنا بېلىقلىرى خەتەرگە يولۇقتىمۇ؟ — دەپ سورۇشۇپتۇ بېلىق، راكلار ھېكايىنىڭ نەتىجىسىنى بىلگۈسى كېلىپ. ئەيشىشى بولسا توۋلاپ كېتىپتۇ:

— ياخشى، بەك ياخشى بولدى! ساردىنا بېلىقلىرى بەك قالتىس ئىكەن.



— ئاخىردا، ئۇ چوڭ كىت تېيىز سۇدا ئۈزەلمەي ئۆلۈپ قاپتۇ، ساردىنا بېلىقلىرى بولسا، مەغرۇر ھالدا ئۈزۈپ كېتىپتۇ، — دەپ ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ ۋاكاكا.

— ئۇھ، — دەپتۇ بېلىق، راكلار غەمدىن خالاس بولغاندەك، — ساردىنا بېلىقى ھەقىقەتەن ئەقىللىق ئىكەن، — دېيىشىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— مەن ئېيتقان ھېكايە قانداق ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ۋاكاكا كۆرەڭلەپ.

— بەك ياخشىكەن، ناھايىتى ياخشى ئېيتتىڭ، — دەپ چاۋاك چېلىپ كېتىپتۇ ئەيشىشى. بېلىق، راكلارمۇ چاۋاك چېلىپ بەس - بەستە:

— ھاكاۋۇر چوڭ كىت، ئاخىرى كىچىك ساردىنا بېلىقلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ بوپتۇ... بىز كىچىك بېلىقلارنى بوزەك قىلىدىغان ئەبلەخلەرگە بەك ئۆچ، — دېيىشىپتۇ.





بۇ چاغدا، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپتۇ، چاقماق چېقىپ ئارقىدىنلا ھاۋا گۈلدۈرلەپتۇ. بېلىق، راكلار قورقىنىدىن قۇلاقلىرىنى ئېتىپ چۇقان سېلىشىپتۇ:

— ھەي، ئادەمنى بىزار قىلىپ يامغۇر يەنە ياغىدىغان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تۇيۇقسىز، دېڭىزدا بىر نەرسە پىرقىرىغىلى تۇرۇپتۇ. دېڭىز سۈيى ئېقىمى شىددەت بىلەن ئېقىشقا باشلاپتۇ. ۋاكاكانى قاينام يۆگەپ ئەكىرىپ كەتكىلى تاسلا قاپتۇ.

ۋاكاكا ناھايىتى تەسلىكتە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، يىراقتا كۆرۈنگەن قاپقارا كىچىك بېلىق توپىغا قاراپ:

-- ئەجەب چوڭ توپ ئىكەن، نېمىدېگەن ھەيۋەتلىك - ھە، -- دەپتۇ. ئەيشىشى بېگىز بارمىقىنى كالپۇكىغا تەككۈزۈپ تۇرۇپ:

-- ئوھۇي، ئاكا، ئوبدان قارىغىنا، بىز ئۇچار بېلىقلار چوڭ قوشۇنغا يېتىشىۋالغاندەك قىلىمىز، -- دەپتۇ. بېلىق، راكلار ئەنسىرەشكەندەك قىلىپ:

-- نېمە بۇ، نېمە ئىش بوپتۇ، خەتەرلىكمۇ؟ -- دەپ پىچىرلىشىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ۋاكاكا دىققەت بىلەن قارىغاندىن كېيىن:
— سەل غەلىتىرەك تۇرىدۇ، نېمىشقا ھەممە بېلىقنىڭ قانىتى كېسىك؟ — دەپتۇ. ئەيشىشى كۈلۈپ كېتىپ:
— ئاكا، ئەجەب دۆت ئىكەنسەن، بىز ساردىنا بېلىق توپى- غا يولۇقۇپ قاپتۇق، — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


— ھوي، ھەقىقەتەن ساردىنا بېلىقى ئىكەن، بەك ياخشى بولدى، بىز ساردىنا بېلىقىنى بەكلا ياخشى كۆرىمىز، — دەپ خۇشاللىقىدىن چۇرقىرىشىپتۇ بېلىق ۋە راكلار.



— ساردىنا بېلىقى ئىنتىزامغا بەكلا رىئايە قىلىدۇ، قاراڭلار، شۇنداق چوڭ توپ بولسىمۇ، رەتلىك ئۈزىۋاتىدۇ، ئۇلار ئۈزۈپ تار يەرگە بارغاندا، قايتىدىن سەپ تۈزىدىكەن، لېكىن ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشنى ئۇنتۇماي-دىكەن، — دەپتۇ ئەيشىشى بېلىق توپىنى كۆرسىتىپ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئەيشىشى ساردىنا بېلىقى توپىنى كۆرسىتىپ:

— قاراڭلار، ساردىنا بېلىقى نېمىدېگەن ئەدەپلىك - ھە، يېشى چوڭلار ئاستىنقى قەۋەتتە، يېشى كىچىكلەر ئۈستۈنكى قەۋەتتە ئۈزىدىكەن، مۇنداق بولغاندا قېرى، ئاجىز، كىچىك بېلىقلار كۆپلىگەن ئېنېرگىيەنى ساقلاپ قالالايدىكەن، ئەگەر مېھمان كەلگەن بولسا، يېشى چوڭراق ساردىنا بېلىقى ئەڭ ياخشى بولغان ئاستىنقى قەۋەتنى «مېھمان»غا ئۆتۈنۈپ بېرىدىكەن، ئۆزى بولسا ئۈستۈنكى قەۋەتتە ئۈزىدىكەن، — دەپتۇ.




ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئىنتىزامچان بولۇشنىڭ ئۈلگىسى ئىكەن، مەن ساردىنا بېلىقلىرىنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم، — دەپ ماختاپتۇ ۋاكاكا ئەقىللىق ساردىنا بېلىقلىرىغا چىن دىلىدىن قايىل بولۇپ. بېلىق، راكلارمۇ:

— ھەقىقەتەنمۇ قىزىقارلىق ئىكەن، بىزمۇ ساردىنا بېلىقىنى ياخشى كۆرىمىز، — دېيىشىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەيشىشى ھەممەيلەننىڭ ساردىنا بېلىقىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپ:

— بىز ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭايلى، — دەپتۇ، ھەممەيلەن بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپتۇ. ساردىنا بېلىقلىرىمۇ ئۇلارنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئاپتۇ.



بۇ چاغدا، دەننى تاغا ناھايىتى ئالدىراش ئىكەن، ئۇ بىر تەرەپتىن ئاپپاراتنى تەكشۈرسە، بىر تەرەپتىن تاقەتسىزلىك بىلەن ساقلاۋاتقان ۋاكاكالارنىڭ ئانىسىغا قاراپ:

ــ سىستېما تەكشۈرۈلۈپ بولدى، مەن تېزدىن ئامال قىلىپ بۇ ئۇچۇرنى ئۇلارغا يەتكۈزەي، ــ دەپتۇ.

ۋاكاكا ئاكا ـ سىڭىل ئىككىيلەن «خىيالىي ساياھەت ماشىنىسى»دا ئولتۇرۇپ:

ــ ياخشى، بەك ياخشى بولدى! ساردىنا بېلىقى بەك قالتىس ئىكەن، ــ دەپ ھاياجانلىنىپ توۋلاپ كېتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئۇلارنى ئەسلىگە قايتۇرساق بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋاكا-
كالارنىڭ ئانىسى، دەننى تاغا:

— ھازىرچە بولمايدۇ، چۈنكى بۇ ماشىنا قوزغالسا، ئاپتوماتىك
ھەرىكەتتىن توختىغىچە ساقلايدىغان گەپ. ئەگەر مەجبۇرىي توختى-
تىلسا، مېنىڭچە خەتىرى چوڭ بولىدۇ، — دەپتۇ.



— ئاپلا، ئۇنداق بولسا قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ ۋاكاكالارنىڭ ئانىسى تېخىمۇ ئەنسىرەپ.

— ئەنسىرىمەڭ، مەن تىرىشىۋاتىمەن، ھەل قىلىشنىڭ ئامالىنى ناھايىتى تېزلا تېپىپ چىقىمەن، — دەپتۇ دەننى تاغا ۋاكاكالارنىڭ ئانىسىغا تەسەللىي بېرىپ.



www.uyghurkitap.com

## ساردىنا بېلىقى



ساردىنا بېلىقى ئىسسىق بەلباغ بېلىقى بولۇپ، دېڭىزنىڭ ئوتتۇرا قەۋىتىدە ياشايدۇ. ئۈزۈش سۈرئىتى تېز. ساردىنا بېلىقىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، تەملىك بولۇپ يېيىشكە بولۇپلا قالماستىن، يەنە بېلىق مېيى ئايرىش، تېرە ئىشلەش ۋە مېتال تاۋلاش قاتارلىق جەھەتلەردە قوللىنىلىدۇ. يەنە تېخى بېلىق پاراشوكى ياسىغىلى بولىدۇ، دېڭىزدا ساردىنا بېلىقى ئىنتىزامغا رىئايە قىلغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار ئۈزۈپ تار جايغا كېلىپ قالغاندا، ئۆزلۈكىدىن رەتلىك سەپ تۈزۈپ، تۈزۈمگە رىئايە قىلغان ھالدا ئۈزىدۇ، ياشانغان ساردىنا بېلىقلىرى دائىم سۈنىڭ تۆۋەن قەۋىتىدە ئۈزىدۇ. كىچىك بېلىقلار بولسا، ئۈستۈنكى قەۋىتىدە ئۈزىدۇ. مېھمانغا يولۇقۇپ قالغاندا، ئۇلارنى ئازادە، بىخەتەر تۆۋەنكى قەۋەتكە باشلايدۇ. ساردىنا بېلىقلىرى نېمىدېگەن ئەقىللىق ـ ھە!



## كېيىنكى قىسىمنىڭ مەزمۇنى

«تورغا چۈشۈش»: ۋاكاكا ئاكا ـ سىڭىل ئىككىيلەن ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرى بىرلىكتە زېرەك، باتۇر، تەرتىپكە رىئايە قىلىدىغان ۋە ئەدەپلىك ساردىنا بېلىقلىرى سېپىگە قوشۇلىدۇ. ئۇلار بۇنداق بولغاندا تېخىمۇ بىخەتەر بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ، لېكىن ئۇلار ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىش يۈز بېرىدۇ، كىشىلەر يوغان بېلىق تورلىرىنى تاشلاپ ئۇلارنى تۇتماقچى بولىدۇ. ئۇلارنى زادى قانداق خەتەر ساقلاپ تۇرغاندۇ؟





بىلىم — قولىڭىز يېتىدىغانلا جايدا.

بۇ كىتاب سىزگە ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

بۇ كىتاب بالىلارنى ئىلىم - پەن قەسرىگە باشلاپ بارىدۇ.





www.uyghurkitap.com

مەجمۇئە نامى: دوكتۇر ئانا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەر
كىتاب نامى: ساردىنا بېلىقى بىلەن كىتىنىڭ جېڭى
تۈزگۈچى: لى چېڭچېڭ
تەرجىمە قىلغۇچى: مارجان ئۆمەر
مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلنۇر ئابدۇراخمان
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
بەت ياسىغۇچى: ئۈرۈمچى بىياۋگەنجى كىتاب لايىھەلەش چەكلىك شىركىتى
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880mm × 1230mm 1/24
باسما تاۋىقى: 2
نەشرى: 2011 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2011 - يىلى 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5469-1357-5
ئومۇمىي باھاسى: 58.00 يۈەن (جەمئىي ئون كىتاب)

5.80

ISBN 978-7-5469-1357-5
9 787546 913575 >
总定价:58.00 元（全十册）